# مۇتلەق سىر تۇتۇلغان غەيبنى ئاللاھدىن

# باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ

[ئۇيغۇرچە]

## الغيب المطلق لا يعلمه إلا الله

[باللغة الأويغورية]


مۇپتى: شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلئۇسەيمىين
المفتي: الشيخ محمد صالح العثيمين
تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز
المترجم: سيف الدين أبو عبد العزيز



تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى
المراجعة: ن. تمكيني



رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى
المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

1429 - 2008

islamhouse.com

# مۇتلەق سىر تۇتۇلغان غەيبنى ئاللاھدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ

101968-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

مەن ئۆز چۈشەنچىمنى قۇرئاننىڭ «غەيبنى ئاللاھدىن باشقا ھېچ كىم بىلمەيدۇ» دېگەن خەۋىرگە قانداق مۇۋاپىقلاشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بىر ھەدىسىدە: جىنلارنىڭ بىر ئېغىز راس سۆزگە يۈز ئېغىز يالغان سۆزنى قېتىپ كەلگۈسىدىكى ئىشلاردىن خەۋەر بېرىدىغانلىقىدىن، يەنە بىر ھەدىستە: يۇلتۇز تەتقىق قىلغۇچىلار(مۇنەججىملەر)نىڭ يالغاننى سۆزلەيدىغانلىقى خەۋەر بېرىلگەن، غەيبنى ئاللاھدىن باشقا ھېچكىم بىلمىسە، جىنلار كەلگۈسىدىكى ئىشلاردىن قانداق خەۋەر بېرىدۇ؟.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر.

ھەقىقەتەن غەيبنى سىر تۇتۇش ئاللاھ ئۆزى بىلىشكە خاس قىلغان ئىلىملارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ قۇرئان- ھەدىسنىڭ تېكىستلىرىمۇ بۇنى مۇقەررەرلەشتۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:« ئاللاھدىن بۆلەك ھېچكىم ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىنلاردىكى غەيبنى بىلمەيدۇ، ئۇلار يەنى خالايىقلار قاچان تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقلىرىنى بىلمەيدۇ» نەمل سۈرىسى 65-ئايەت. يەنە بىر ئايەتتە: « غەيبنىڭ غەزىنىلىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر،

ئۇنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ، قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ،دەرەختىن تۆكۈلگەن ياپراقتىن ئاللاھ بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسىلەر بولسۇن، ھەممىسى ئاللاھغا مەلۇم بولۇپ لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر» ئەنئام سۈرىسى 59- ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ لوقمان سۈرىسىدىكى مۇنۇ ئايەتنى تەپسىرلەپ:«قىيامەتنىڭ بولىدىغان ۋاقتى توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئاللاھ يامغۇرنى ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا ياغدۇرىدۇ، بەچچىدانىدىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى(يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بىجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) ئاللاھ بىلىدۇ، ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى - يامان ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ» ئايەتتە بايان قىلىنغان بەش تۈرلۈك غەيبى ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. بۇخارىيدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان 4477 -نومۇرلۇق ھەدىستە:« كىمكى مەن ئەتە بولىدىغان ئىشنى بىلىمەن دەيدىكەن، ئۇ كىشى يالغان سۆزلىگەن بولىدى، دەپ بۇ ئايەتنى ئوقۇغان: "ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى - يامان ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ"»

لېكىن بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە، ئاللاھ ئۆزى بىلىشكە خاس قىلغان غەيبى ئىلىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشتۇر، غەيب دېگەن سۆزنىڭ

مەنىسى: كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا كەلمىگەن، رىئاللىقتا ئايلانمىغان ئاللاھ تەرىپىدىن سىر تۇتۇلغان نەرسىلەر بولۇپ، بۇ ئاسمان ـ زېمىندىكى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىن مۇتلەق يىراقلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. بۇ تۈر ئاللاھ ئۆزى بىلىشكە خاس قىلغان غەيبى ئىلىمدىن بولۇپ بۇ مۇتلەق غەيب ئىلمى دەپ ئاتىلىدۇ.

ياكى بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىلمى بەزەن كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا كەلمىگەن بىلەن يەنە بىر قىسىم كىشىلەرگە مەلۇملۇق بولىدۇ، بۇ تۈر بۇنى بىلمىگەن كىشىلەرگە نىسبەتەن غەيب ھېسابلىنىدۇ، ھەقىقەتتە ئومۇمى خەلقنىڭ بىلىشىدىن يىراقلاشتۇرۇلمىغانلىق سەۋەبى غەيبى ئىلىم ھېسابلانمايدۇ، ھەمدە بۇ تۈر ئاللاھ ئۆزى بىلىشكە خاس قىلغان غەيبى ئىلىمنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلانمايدۇ.

شەيخ ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ " شەرھى ئەقىيدەتۇل ۋاسىتىييە" دېگەن كىتابىنىڭ 158ـبېتىدە مۇنداق دېگەن: "غەيب دېگەن سۆزدىن مەقسەت قىلىنىدىغىنى، كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا كەلمىگەن، ھازىر بولمىغان نەرسىلەر بولۇپ بۇ مەلۇم نىسبەتتە بولىدۇ. ئەمما مۇتلەق غەيب دېگەن: ئاللاھ ئۆزى بىلىشكە خاس قىلغان غەيبى ئىلىمدۇر.

رەمبال ـ پالچى، جىنكەش قاتارلىقلارنىڭ كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلاردىن بەرگەن خەۋىرى ۋە ئەتە بولىدىغان ئىشلاردىن بەرگەن خەۋىرى ئاللاھنىڭ سىر تۇتۇشنى ئىرادە قىلغان غەيبى ئىلىملەر بىلەن ھىچ ئالاقىسى يوق. بەلكى بۇلار يالغانچى كازراپلاردىن ئىبارەت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرگە ۋەھيى قىلغان سۆزلەرنى ئوغۇرلايدىغانلىقى ھەققىدە بىزگە خەۋەر بەرگەن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا

مۇنداق دەيدۇ: بىر قىسىم كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رەمبال-پالچى ۋە جىنكەشلەر ھەققىدە سوئال سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئۇلار غەيب ئىلىملىرىدىن ھىچ نەرسىنى بىلمەيدۇ دىدى، ساھابىلار: يا رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنىڭ سۆزلىگەن نەرسىلىرى بەزەن ۋاقىتتا توغرا چىقىپ قالىدىغۇ؟! دىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىدى: ئاشۇ توغرا چىققان سۆزنى ئۇلار جىنلاردىن ئاڭلاپ ئىسىدە تۇتىۋالغان بولۇپ، جىنلار ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا توخۇ چوقۇلىغاندەك بىر نەرسىلەرنى دەيدۇ، ئۇلار بۇنىڭغا يۈزدىن ئارتۇق يالغاننى قىتىپ سۆزلەيدۇ» بۇخارىي 7561-نومۇرلۇق ھەدىستە رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىنلارنىڭ بۇ سۆزلەرنى قانداق ئوغۇرلايدىغانلىقىنى بىزگە بايان قىلىپ مۇنداق دىدى:« ئاللاھ تائالا بىر ئىشقا ھۆكۈم قىلسا پەرىشتىلەرگە ئاڭلىتىدۇ، ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر خۇرسەنلىكتىن تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئۇنىڭدىن كىيىن ئۇلارغا يانداش ئاسماندىكى پەرىشتىلەر تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەتتا دۇنيانىڭ ئاسمىنىدىكى پەرىشتىلەرمۇ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئەرشنى كۆتۈرگەن پەرىشتىلەرگە يېقىن پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: پەرۋەردىگارىڭلار نىمە دىدى؟ دەپ سورايدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ دىگەن سۆزىدىن خەۋەر بىرىدۇ، ئاسماندىكى پەرىشتىلەرنىڭ بەزىسى بەزىسىگە خەۋەر قىلىپ ھەتتا بۇ خەۋەر دۇنيانىڭ ئاسمىنىدىكى پەرىشتىلەرگە يىتىپ كىلىدۇ، جىنلار بۇلاردىن ئوغۇرلۇقچە ئاڭلاپ ئۆزلىرىنىڭ (رەمبال - پالچى، جىنكەشلەر ئىبارەت) ئىنسانىي شەيتانلاردىن بولغان يىقىن كىشىلىرىگە ھەقىقى خەۋەرنى يەتكۈزىدۇ، ئۇلار

بۇ خەۋەرلەرگە ھەر خىل توقۇلمىلارنى قېتىپ كۆپەيتىپ تارقىتىدۇ»
مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان 2229- نومۇرلۇق ھەدىس.

بۇنىڭدىن جىنلارنىڭ غەيبدىن ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلىقى پەقەت پەرىشتىلەرنىڭ بىر - بىرىگە يەتكۈزگەن خەۋەرلىرىنى ئوغۇرلۇقچە ئاڭلاپ يېقىنلىرىغا يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلدۇق. پەرىشتىلەرمۇ غەيبى ئىلىمدىن بىر نەرسىنى بىلمەيدۇ بەلكى ئۇلارمۇ بۇ خەۋەرلەرنى ئاللاھ تائالا ئىلان قىلغاندىن كېيىن بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ ۋاقىتتا بىلىشى مۇتلەق غەيبنى بىلگەنلىك ھېسابلانمايدۇ، بۇنى بىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارمۇ باشقا مەخلۇقاتلارغا ئوخشاش غەيبدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھ ئۇلارغا ئىلان قىلىپ بىلدۈرگەندىن كېيىن بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:«ئاللاھ غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۆزىنىڭلا بىلىشىنى ئىرادە قىلىپ سىر تۇتقان غەيب ئىلىملاردىن ھېچبىر ئادەمنى خەۋەردار قىلمايدۇ» جىن سۈرىسى 26-ئايەت

شەيخ ئۇسەيمىن - رەھىمەھۇللاھ - مۇنداق دېگەن: پەرىشتىلەرنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى بولغان جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئەڭ شەرەپلىك ۋە سەرخىلى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن سۇئال سوراپ: قىيامەتتىن خەۋەر بەرگىن؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاپ بېرىپ: « قىيامەتتىن سورالغۇچى سورىغۇچىدىن ئالىم ئەمەس»دېدى، بۇنىڭ مەنىسى: بۇ ھەقتە سىنىڭ ئىلمىڭ بولمىغاندەك ئوخشاشلا مەنمۇ بىلمەيمەن دېگەنلىكتۇر. شەرھى ئەقىيدەتۇل ۋاسىتىييە 158- بەت.